سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# ئېزوپ مەسەللىرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# ئىزوپ مەسەللىرى

ئاپتورى: ئىزوپ [يۇنان]
تەرجىمە قىلغۇچى: زەينەپ ئابلاجان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** ئېزوپ مەسەللىرى
**ئاپتورى:** ئېزوپ [يۇنان]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** زەينەپ ئابلاجان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/再娜甫·阿布拉江译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1
("学海乐园"阅读系列;3)
ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.再… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

书　　名: 伊索寓言
作　　者: 伊索 [古希腊]
翻　　译: 再娜甫·阿布拉江
责任编辑: 艾尼瓦·库迪力克
责任校对: 克尤木·吐尔逊
出　　版: 新疆喀什维吾尔文出版社
新疆电子音像出版社
地　　址: 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编: 830000
发　　行: 新疆新华书店
印　　刷: 新疆八艺印刷厂
开　　本: 787mm×1092mm 1/32
印　　张: 2.5
版　　次: 2009 年 1 月第 1 版
印　　次: 2009 年 2 月第 1 次印刷
书　　号: ISBN 978-7-5373-1736-8
定　　价: 60.00 元 (全十册)







# كىرىش سۆز

«ئىزوپ مەسەللىرى»نىڭ ئاپتورى ئىزوپ بۇنىڭدىن 2600 يىل بۇرۇنقى يۇنانلىق قۇل بولۇپ، دوك، سەت بولسىمۇ، لېكىن باشقىلاردىن ئىستېداتلىق بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەت بولغان، ئاخىرى بەدەل تۆلەپ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە دۆلەتنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولغان. ئىزوپ مەسەللىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە قۇش ۋە ھايۋانلار تېما قىلىنىپ، ئەپچىل ئوخشىتىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرگە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەخلاق ـ مىزانلىرىنى تونۇتۇپ، جەمئىيەتنى تىنچ ـ ئىتتىپاق قىلىپ باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ئەسەرلەر ئاممىباب ھەم قىسقا، مېغىزلىق بولۇپ، بىرنەچچە جۈملە ئىبرەتلىك سۆزلەرگە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىلەر يوشۇرۇنغان. نەچچە مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان نۇر چېچىلىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدىكى يۇنان خەلقى ئۇنى دانىشمەن پەيلاسوپ دەپ بىكار ئېيتمىغان. كېيىن ئىزاوپ چەت ئەلگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، بىرسى ئۇنىڭ ئىستېداتىغا





ھەسەت قىلىپ، ئۇنى يار لىۋىدىن ئىتتىرىۋەتكەن. تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن بولمىغان.

«ئەزوپ مەسەللىرى» دۇنيادىكى ھەممە تىللارغا دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنغان.

جۇڭگودا 1840 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك روبېرت تام قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدىكى تۇنجى نۇسخىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

بۇ كىتابنى تۈزۈپ تەرجىمە قىلىشتا، ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك بەدىئىي ھېكايە تۈسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆسمۈر دوستلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تەرجىمىنىڭ ئاممىباب، راۋان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

فەن چۈەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي







# مۇندەرىجە


بۆرە بىلەن قوزا ........................... 1
چاشقانلارنىڭ مۈشۈككە قوڭغۇراق ئېسىشى ............ 3
تۈلكىنىڭ مېھمان چىللىشى ..................... 6
مۈڭگۈز ۋە پۇت .............................. 8
سار، كەپتەر، بۈركۈت ......................... 9
بۆرىنىڭ دوختۇرلۇق قىلىشى ..................... 10
چىشى ئېيىقنىڭ پىچىرلىشى ..................... 12
تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ بەسلىششى ............. 13
بۈلبۈلنىڭ «ئۆي» كۆچۈشى ...................... 15
تۈلكە بىلەن ئېشەكنىڭ دوست بولۇشى .............. 17
ئېشەك سېتىش ............................... 19
بىر شىر بىلەن ئۈچ كالا ...................... 21
كاشتان دەرىخى بىلەن قومۇش .................... 22
كالا ئوغرىسى ................................ 24
دەرەخ شېخى ................................ 25
شىر بىلەن قاۋان ............................ 26
بۆرىنىڭ كېچىدە ئاچ قېلىشى .................... 27
كۆرەڭلىگەن قاپاق ............................ 29
قوزىنىڭ بۆرىنى تىللىشى ....................... 30
ئېشەكنىڭ سايىسى ............................ 32




www.uyghurkitap.com




شىرنى كۆرگەن تۈلكە ........................ 33
«پادىچى بۆرە» ................................ 34
چىۋىن بىلەن پەرۋانە ........................ 35
قېچىرنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى ............ 37
قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە ............ 38
ساپال كومزەك بىلەن مىس كومزەك .......... 39
قاغا. تۇرنا. ياۋاغاز ........................ 41
ئىت بىلەن خورازنىڭ بىللە ئوينىشى ........ 42
قاغىنىڭ ناخشا ئېيتىشى ..................... 44
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ............................. 46
ئاققۇغا قىلىنغان ئىلتىپات .................. 47
توخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ئېلىش .......... 49
ئېشەك بىلەن بۇت ............................. 50
ئوغلاقنىڭ ئەپچىل چارىسى ................... 51
تۈلكىنىڭ قۇيرۇق كېسىشى .................... 53
چۈمۈلە بىلەن ساراتان ........................ 55
پاقىنىڭ غەلىتە كېسەلنى داۋالىشى .......... 57
ئاچكۆز ئىت .................................... 58
پاقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك سېلىشتۇرۇشى ...... 59
ۋىجدان .......................................... 61
لالما ئىتلارنىڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈشى .......... 62
مېكىياننى كۈندە ئىككى تۇخۇم تۇغدۇرۇش ..... 63
تۈلكىنىڭ ئۈزۈم يېيىشى ..................... 64
بۇغا قوزىسىنىڭ ئانىسىغا مەسلىھەت بېرىشى ... 66
ئاچ بۆرىنىڭ ھىيلىسى ........................ 68
شىۋىرغان بىلەن قۇياش ....................... 70
دۆت چاشقان بىلەن چۇۋار پاقا .............. 72








# بۆرە بىلەن قوزا

تاغ باغرىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇ بار ئىكەن.

قوزا ئېرىقنىڭ بويىغا سۇ ئىچكىلى كەپتۇ، كۆتۈلمىگەندە بۆرىمۇ سۇ ئىچكىلى كەپتۇ، بۆرە سېمىز قوزىنى كۆرۈپ ئۇنى يالماپ يۇتۇۋەتكۈسى كەپتۇ، لېكىن ئۇ، قوزا بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ھېچبىر ئاداۋەت بولمىسا، بىرەر باھانە تېپىپ قوزىنى قايىل قىلىپ، ئاندىن يەۋەتمىسەم، باشقىلارنىڭ ئالدىدا گېپىم يوللۇق بولماي قالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، قاپىقىنى تۈرۈپ، قاتتىق ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئەبلەخ، مەن سۇ ئىچىدىغان يەرگە كېلىشكە پېتىنىدىڭمۇ! سۈيۈمنى ئىچكەن بولساڭغۇ مەيلى، سۈيۈمنى لاي قىلىۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، مەن ئىچەلمەيۋاتىمەن. دەپ باققىنە، نېمە جىنايەت ئۆتكۈزۈپسەن؟

بۆرىنى كۆرگەن قوزا قورقۇپ تىترەپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ يولسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۈيۈڭنى مەن قانداق لاي قىلىۋېتەي؟ سەن سۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە، مەن تۆۋەن تەرىپىدە تۇرسام، سۇ لاي بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ يۇقىرى تەرەپكە ئاقمايدىغۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۆرە ئۆزىنىڭ يولسىزلىقىغا قارىماي، ئەكسىچە غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— يۇرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ مەن بىلەن گەپ تالاشقۇ-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىي ئادرېسى

دەك بولدۇڭمۇ! بۇلتۇر باشقىلارنىڭ ئالدىدا يامان گېپىمنى قىپسەن، ئەجەبا بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

قوزا دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— ۋاي خۇدايىمەي، مەن بۇ يىل تۇغۇلغان تۇرسام، بۇلتۇر يامان گېپىڭنى قانداق قىلاي؟

بۆرە جىق گەپنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قاپىقىنى تۈرۈپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— گەدەنكەشلىك قىلما! يامان گېپىمنى سەن قىلمىغان بولساڭ، چوقۇم دادىڭ قىلدى، ھەممىڭ بىر ئۆيلۈك.

شۇنداق دەپتۇ ـ دە، قوزىغا ئېتىلىپتۇ، بىچارە قوزا كۆپ ئۆتمەي بۆرىنىڭ قارنىغا كىرىپ بوپتۇ.









# چاشقانلارنىڭ مۈشۈككە قوڭغۇراق ئېسىشى

بىر توپ چاشقان بىر ئۆينىڭ تام تۆشۈكىدە ياشايدىكەن، بۇ ئۆيدىكى مۈشۈك چاشقان تۇتۇشقا ئۇستا بولغاچقا، چاشقانلار تەس كۈنگە قاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى چاشقانلار يىغىن ئېچىپ ياخشى بىر ئامال تېپىپ، مۈشۈكنىڭ خىرىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ھەممەيلەن ئاق بۇرۇتلۇق، قارا دۈمبىلىك ۋە ئاق پۇتلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ چاشقاننى يىغىن رەئىس قىلىپ سايلاپتۇ.

ئاق بۇرۇتلۇق چاشقان ئاۋۋال سۆزگە چىقىپ، مۈشۈكنىڭ خىرىسى كۆپچىلىكنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن قارا دۈمبىلىك چاشقان سۆزگە چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىشىپ، مۈشۈك بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ ھەم مۈشۈك بىزگە تەڭ كېلەلمەي چوقۇم يېڭىلىدۇ، دەپ پەرەز قىپتۇ. ئاق پۇتلۇق چاشقان دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ، مۈشۈك بەك يامان، تەڭداشسىز كۈچلۈك، بىز ھەرگىز ئۇنىڭ رەقىبى بولالمايمىز، دەپتۇ. ئاندىن مۇنداق پىكرنى





ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: مۈشۈكنىڭ بوينىغا كىچىككىنە قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلسا، مۈشۈك كېلىپ قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندا ھەممەيلەن قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتسەك، ئامان قالىمىز ئەمەسمۇ؟ قورال كۈچى بىلەن قارشىلىشىپ غەلىبە قىلالمىغاندىكىن، پەم بىلەن غەلىبە قىلغان ياخشى.

ئاق پۈتلۈق چاشقاننىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن چاۋاك چېلىپ قوللاپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن دەككە - دۈككە ئىچىدە يۈرمەي، ئارامخۇدا ياشايدىغان بولدۇق، دېيىشىپتۇ. خۇشاللىق كەيپىياتى بېسىققاندىن كېيىن، ئاق بۇرۇتلۇق چاشقان كۆپچىلىكتىن سوراپتۇ:

— مۈشۈكنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىش قالتىس چارە ئىكەن، لېكىن بۇ خەتەرگە كىم تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ ئىشنى قىلىدۇ؟

بۇ گەپنىڭ چىقىشى بىلەن يىغىن مەيدانىنى جىمجىتلىق بېسىپتۇ. ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ، گەپ قىلىدىغان بىرسىمۇ چىقماپتۇ. بۇ قالتىس چارىنى تاپقان ئاق پۈتلۈق چاشقاندىن:

— سەن بارامسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ دەرھال:

— يېقىندا پۇتۇم سۇنۇپ كەتكەنىدى، بۇ ئىشنى پۇت - قول ئەپچىل بولغاندا ئوبدان قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. ئاندىن قارا دۈمبىلىك چاشقاندىن سوراپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ:

— ئالدىنقى كۈنى بىخەستەلىك قىلىپ بېشىمنى يېرىۋالغانىدىم، تېخىچە ئاغرىۋاتىدۇ، بولمىسىغۇ سىناپ باقسام





بولاتتى، — دەپتۇ. ئاق بۇرۇتلۇق چاشقان ۋارقىراپ تۇرۇپ كۆپچىلىكتىن:

— كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغانلار يوقمۇ!؟ — دەپ سوراپتۇ. نەچچە قېتىم سورىغان بولسىمۇ، ھېچكىمدىن سادا چىقماپتۇ. زەن سېلىپ قارىسا، زالدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاستا تىكىۋەتكەنىكەن.

شۇنچە كاللا قاتۇرغان ئىشنىڭ قىلچە نەتىجىسى بولماپتۇ، ھەممەيلەن بۇرۇنقىدەك دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# تۈلكىنىڭ مېھمان چىللىشى

بىر كۈنى تۈلكە تۇرنىنى مېھمانغا چىللاپتۇ.

تۇرنىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، تەخسىدە شورپا كەلتۈرۈپ، تۇرنىنى ئاۋۋال ئىچىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

تۇرۇپ بېقىپ، تۇرنىنىڭ مىدىرلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، تەخسىدىكى شورپىنى تىللىرى بىلەن شالاپشىتىپ ئىچىپ، تەخسىنى يالاپ پارقىرىتىۋېتىپتۇ. تۇرنا ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن تەخسىدە قېپقالغان يۇقۇندىلارنى تېتىپ قويۇپتۇ، قورسىقى ئېچىپ قىينىلىپ كېتىپتۇ.

تۇرنا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، چىرايىدىكى خاپىلىقنى دەرھال خۇشاللىققا ئۆزگەرتىپ، تۈلكىنى «سىز تاماققا ئۇستا ئىكەنسىز، قورۇمىلىرىڭىز بەك ئوخشاپتۇ، تەمى مەززىلىك بولۇپلا قالماستىن، پۇرىقىنى پۇرىسىمۇ تويۇپ قالىدىكەن» دەپ ماختاپتۇ. رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، تۈلكىنى ئۆيىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ ۋە ۋاقتىنى بېكىتىپ قويۇپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى تۈلكە بىلمەي، بېكىتىلگەن ۋاقىتتا تۇرنىنىڭكىگە مېھمان بولۇش ئۈچۈن خۇشال يېتىپ





بېرىپتۇ.

تۇرنا پىشۇرۇلغان دادۇرنى بوينى ئۇزۇن بوتۇلكىغا قاچىلاپ قويغانىكەن، تۈلكىنى ئاۋۋال يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مەززىلىك پۇراقنى پۇراپ تۈلكىنىڭ شاللىرى ئېقىپتۇ، بوتۇلكىدىكى دادۇرلارنى كۆرەلەپتۇ، لېكىن يېيەلمەپتۇ، تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ بېقىپمۇ ھېچنېمە قىلالماپتۇ.

بىردەم ساقلاپ بېقىپ، تۈلكىنىڭ يېمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرنا بويىنىنى سوزۇپ مەززە قىلىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۈلكىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ، لېكىن خاپا بولاي دېسە، نەچچە كۈن بۇرۇن تۇرنىنى مېھمان قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، شورپىنى ئۆزىنىڭ ئىچكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تۇرنا دادۇرنى يەپ بولغاندا، ئاچ قورساق، كەيپى ئۇچقان پېتى كېتىپ قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

# مۈڭگۈز ۋە پۇت

يازنىڭ بىر كۈنى، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر بۇغا ئۇسساپ كېتىپ كۆلگە سۇ ئىچكىلى كەپتۇ. سۇ ئىچىۋاتقاندا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان سۇدىن ئۆزىنىڭ مارجان دەرىخىدەك ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن چىرايلىق مۈڭگۈزلىرىنى كۆرۈپ، ماختاپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇزۇن، ئىنچىكە، شامالدا ھىلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرغان پۇتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ پۇتلارنىڭ بېشىدىكى چىرايلىق مۈڭگۈزلەرگە ماس كەلمىگەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئورمان ئىچىدىن شىر چىقىپتۇ. بۇغىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى شىرنى كۆرۈپ قاپتۇ، چاققان پۇتلىرى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرنى يىراقتا قالدۇرۇپ جېنى ئامان قاپتۇ. بۇغا قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندا مۈڭگۈزلىرى پاكار دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قاپتۇ. تەقەززالىق ئىچىدە بېشىنى ھەرقانچە چايقاپمۇ، مۈڭگۈزلىرىنى دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرالماي، قوغلاپ كەلگەن شىرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپتۇ.





# سار، كەپتەر، بۈركۈت

بىر توپ كەپتەر ھەمىشە سارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشايدىكەن، تىنچ ئۆتىدىغان كۈنى يوق ئىكەن، ئۇلار بۈركۈت ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ، سارنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەپتۇ.

بۈركۈت كەپتەرلەرنىڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەتچىلىككە تەكلىپ قىلىشىغا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئىكەن، شۇڭا بۇ تەكلىپكە دەرھال ماقۇل بوپتۇ، بۈركۈت دەرھال ئۆيىنى كۆچۈرۈپ، كەپتەرخانىنىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سار كەپتەرلەر بار يەرگە ئىككىنچىلەپ يېقىن كېلەلمەپتۇ، لېكىن بۈركۈتنىڭ ھەر كۈنى يەپ كەتكەن كەپتىرى سارنىڭ يەپ كەتكىنىدىن كۆپ ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بۆرىنىڭ دوختۇرلۇق قىلىشى

ئېشەك چۆپلۈكتە ئوتلاۋاتقاندا ئالدىغا بىر بۆرە كەپتۇ، ئېشەك بۆرىنىڭ مەقسىتىنى بىلىپتۇ، لېكىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، ھېچبىر ھودۇقمىغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

بۆرە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ئاقساپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. بۆرە ئۇنىڭدىن ئارقا پۇتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئېشەك: «ئەجەب نەس باستى، تۈنۈگۈن پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ كېتىپ ئاقساپ قالدىم، تىكەننى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن مېنى يەڭ، تىكەننى ئېلىۋەتمىسىڭىز، مېنى يېگەندە، تىكەن گېلىڭىزغا تۇرۇپ قالىدۇ» دەپتۇ.





بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بۆرە ئېشەكنىڭ ئارقا پۇتىغا كېلىپ، بېشىنى پەس قىلىپ تىكەنگە قاراپتۇ. بۇ چاغدا ئېشەك پۇتىنى كۈچى بىلەن تەپكەن ئىكەن، بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، ئالدى چىشلىرى تۆكۈلۈپ، ئاغزى ـ بۇرنى قان بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئېشەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئاغرىق ئازابىدىن بېشى قېيىپ كەتكەن بۆرە بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:

— دادام ماڭا كىچىكىمدىن قاسساپچىلىقنى ئۆگىتىپ، دوختۇرلۇقنى ئۆگەتمەپتۇ، — دەپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# چىشى ئېيىقنىڭ پىچىرلىشى

ئەمەت بىلەن سەمەت ياخشى دوستلار ئىكەن.

بۇ ئىككىسى بىر كۈنى تاغدىكى ئورمان ئىچىگە ئوينىدغىلى بارغان ئىكەن، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېيىق چىقىپ قاپتۇ، ئەمەت ئېيىقنى كۆرۈپ غىپپىدە دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، سەمەت ئېيىقنى كۆرگەندە دەرەخكە چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ ـ دە، جايىدا دۈم يېتىپ، نەپسىنى توختىتىپ ئۆلگەن بولۇۋاپتۇ.

ئېيىقنىڭ ئادىتى ئۆلۈك نەرسىنى يېمەي، تىرىك نەرسىنى يېيىش ئىكەن، شۇڭا ئۇ سەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەممە يېرىنى پۇراپ، ئۇنى «ئۆلۈپتۇ» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئېيىق كەتكەندىن كېيىن، ئەمەت دەرەختىن چۈشۈپ، ئېيىقنىڭ سەمەتكە زەخىم يەتكۈزمەي، قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، سەمەتتىن:

ــ ئېيىق ساڭا زادى نېمە دېدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سەمەت ئۇنىڭغا:

ــ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىللە بولمايدىغان ئادەم بىلەن دوست بولما دېدى، ــ دەپتۇ.





# تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ بەسلىشىشى

توشقان تاشپاقىنى زاڭلىق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئىرغاڭلاپ تولىمۇ ئاستا ماڭىسەن، مەن بولسام ئۇچقاندەك تېز ماڭىمەن. ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولۇپ قالسام، نومۇستىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان بولاتتىم، تېخى ئىزا تارتماي، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ يۈرۈيدىكەنسەن!

تاشپاقا توشقان تەرىپىدىن مازاق قىلىنغان بولسىمۇ، تاكاللاشماپتۇ. توشقاننىڭ بەك تەكەببۇرلۇقىنى، باشقىلارنى بوزەك قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مېڭىشتا توشقان بىلەن بەسلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

توشقان ئۇنىڭ بەسلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، «قانداق تەڭ كېلەلەيسەنكىن» دەپ كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىلا ئۇنىڭ كاللىسىغا مەن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تاشپاقا قايىل بولماي مېنى ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ دېسە، قانداق قىلىش كېرەك، دېگەن خىيال كېلىپ، كېلىۋاتقان تۈلكىنى گۇۋاھچى بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەلگە تىكلەپ مېڭىشنى باشلاپتۇ.

تاشپاقا ھەقىقەتەن ئاستا ماڭىدىكەن، لېكىن ئۇ پۈتۈن







زېھنى بىلەن قەدەمنى پۇختا بېسىپ بىردەممۇ توختىماپتۇ. توشقان ئايغىنىڭ چاققانلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، تاشپاقىنى كۆزگىمۇ ئىلماي، يول بويى بىردەم مېڭىپ، بىردەم توختاپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، نۇرغۇن ۋاقىتنى زايا قىلىۋېتىپتۇ. ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىشكە ئاز قالغاندا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويغانسا تاشپاقا تېخىچە يېتىپ كەلمەپتۇ، ئەمەلىيەتتە، تاشپاقا ئاخىرقى نۇقتىغا ئاللىقاچان بېرىپ بولغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى بەسلىشىشتە تاشپاقا ئۇتۇۋاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



# بۇلبۇلنىڭ «ئۆي» كۆچۈشى

بۇلبۇل بۇغدايلىقتا ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم بېسىپ باچكا چىقىرىپ ئوبدان بېقىپتۇ، باچكىلار تەدرىجىي چوڭلاپتۇ، بۇغدايلارمۇ پىشىپتۇ، بۇغداينىڭ ئىگىسى ئېتىزدا ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، بۇغداينى بىرلىكتە ئورۇشقا كېلىشىپتۇ. بۇلبۇلنىڭ باللىرى ئىنتايىن ھودۇقۇپ، ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، ئانىسى كەلگەن ھامان دەرھال كۆچۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن قېرى بۇلبۇل ھودۇقۇپ كەتمەپتۇ. ئەتىسى سەھەردە بۇرۇنقىدەكلا يەم يىغىشقا چىقىپ كېتىپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇغداينىڭ ئىگىسى كېلىپ، ئوغلىغا بۇغداي پىشىپ قالدى، قوشنىلار كېلىشكە ئۇنىمىدى، تۇغقانلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئورۇيلى، دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۇلبۇلنىڭ باللىرى بەك ھودۇقۇپتۇ. ئانىسى يېنىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا تېزرەك كۆچۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى، كېچىكسە كۆچۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن قېرى بۇلبۇل بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئادەتتىكىدەك ھودۇقماي،







www.uyghurkitap.com

ئەتىسى سەھەردە يەنە يەم يىغقىلى كېتىپتۇ.

نەچچە كۈندىن كېيىن بۇغدايلىقنىڭ ئىگىسى يەنە كېلىپ، بۇغداي دانلىرىنىڭ تۆكۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بالىسىغا ئەمدى باشقىلارنى كۈتسەك بولمايدۇ، ئەتەدىن باشلاپ ئۆزىمىز ئورۇيلى دەپتۇ، بۇلبۇلنىڭ بالىلىرى بۇغدايلىق ئىگىسىنىڭ گېپىنى ئانىسىغا دەپ بېرىپتۇ. مانا شۇ چاغدا قېرى بۇلبۇل:

— كۆچۈپ كېتەيلى، ئەمدى بۇ يەردە يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار باشقىلارنى كۈتمەي ئۆزى ئىشلىسە چوقۇم ئورۇپ كېتەلەيدۇ، — دەپتۇ.







# تۈلكە بىلەن ئېشەكنىڭ دوست بولۇشى

بىر تۈلكە بىر ئېشەك بىلەن دوست بوپتۇ.

تۈلكە ئېشەككە ھەمىشە:

— بىز قېرىنداش بولغان ئىكەنمىز، ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇشىمىز، سىرتلاردا جاپانى تەڭ تارتىشىمىز، يولدا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم قىلىشىمىز لازىم، — دەيدىكەن.

ئېشەك بۇ گەپلەرگە چىنپۇتۇپ، كۈن بويى تۈلكىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئېشەك بىلەن تۈلكە يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىقىپتۇ. تۈلكە ئالدىدا مېڭىپتۇ، ئېشەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپتۇ. تۇساتتىن ئالدىغا شىر كېلىپ قاپتۇ، شىرنى تۈلكە ئاۋۋال كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، شىرنىڭ ئالدىغا سوكۇلداپ بېرىپ:

— مېنى يېمىسىڭىز، مەن سىزگە گۆشى مېنىڭكىدىنمۇ كۆپ ھەم مەززىلىك ئېشەكنى تۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ.

شىر ئۇنىڭدىن ئېشەكنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭغا:

— يولنىڭ ياقىسىدا بىر تۇزاق بار، بۇ تۇزاقنى ئوۋچىلار مېنى تۇتۇش ئۈچۈن قۇرغان، بۇنى ئۆزۈملا بىلىپ، ئېشەككە ئېيتمىغان. ھازىر ئۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى باشلاپ ماڭسام، چوقۇم تۇزاققا چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىز



www.uyghurkitap.com

بەھرىمەن بولىسىز، ــ دەپتۇ.

شىر بۇ پىكىرنى ئاڭلاپ ماقۇل بوپتۇ.

ھىيلىگەر تۈلكە «ئۆمۈرلۈك دوستى» ئېشەكنى تۇزاققا چۈشۈرۈپتۇ.

شىر ئېشەكنىڭ تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، تۈلكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەپتۇ، ئاندىن ئېشەكنىڭ گۆشىنى ئالدىرىماي يەپ مەززە قىپتۇ.





# ئېشەك سېتىش

ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىر ئېشەكنى ساتقىلى بازارغا ھەيدەپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىر مەھەللىگە كەلگەندە قۇدۇق بېشىدا سۇ تارتىۋاتقان قىزلار چۇرقىرىشىپتۇ:

— قاراڭلار، مۇنداق ئەخمەقلەرقمۇ بولىدىكەن، ئۆزلىرى تەرگە چۆمۈلۈپ مېڭىپتۇ، ئېشەكنى ئارام ئالدۇرۇپتۇ. دادىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

يېرىم چاقىرىمچە يول ماڭغاندا، بىرنەچچە بوۋايغا ئۇچراپتۇ، بوۋايلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، باشلىرىنى چايقاپ:

— بولماپتۇ، بولماپتۇ، نەدىمۇ ئېشەكنى بالىسى مىنىپ ئارام ئالىدىغان، دادىسى كەينىدىن مېڭىپ جاپا تارتىدىغان ئىش بار، — دېيىشىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دادىسى بالىسىنى ئېشەكتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشقا بۇيرۇپ، ئېشەككە ئۆزى مىنىۋاپتۇ.

ئانچە كۆپ ماڭمايلا، بالا كۆتۈرگەن ئۈچ ئايال كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئېشەككە مىنىۋالغان ئادەمگە:

— ئىزا تارتمامسەن، ئېشەككە ئۆزۈڭ مىنىۋېلىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بالاڭنى پىيادە ماڭدۇرۇپسەن، بالاڭغا قىلچىمۇ كۆيۈنمەيدىكەن-سەن، ــ دەپتۇ. دادا ئويلاپ كۆرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىنى يوللۇق دەپ بىلىپ، بالىسىنىمۇ ئېشەككە مىندۇرۇۋاپتۇ.

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئۇچراپ.

ــ ئېشەك ئۆزۈڭلارنىڭمۇ ياكى كىرا قىلغانمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. دادىسى «ئۆزىمىزنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئوقۇغۇ-چىلار:

ــ ئۆزۈڭلارنىڭ بولسا، نېمىشقا ئېشەكنىڭ ئۆلەر ـ تى-رىلىشىگە پەرۋا قىلماي، ئىككىڭلار مىنىۋالدىڭلار؟ ئېشەك-نى كۆرۈپ ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى، ــ دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دادا ـ بالا ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئېشەكنىڭ تۆت پۇتى-نى باغلاپ، ئېشەكنىڭ پۇتى باغلانغان ئارغامچىغا توقماق ئۆت-كۈزۈپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

يول بويى بۇنى كۆرگەنلەر كۈلۈپتۇ، ئېشەكنى كۆتۈر-گەن چارچاپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكىنىنى دېمەي تۇرايلى، كۆ-تۈرۈلگەن ئېشەكمۇ قىينىلىپ، جان تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېشەكنىڭ پۇتى باغلانغان ئار-غامچا يېشىلىپ كېتىپ ئېشەك دەرياغا چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.







# بىر شىر بىلەن ئۈچ كالا

بىر شىر بىللە ئوتلاۋاتقان ئۈچ كالىنى كۆرۈپ قېلىپ، كالىنى يېگۈسى كەپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرلەشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپتۇ.

شىر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئۈچ كالىنىڭ كىچىككىنە ئىش توغرۇلۇق جاڭجاللىشىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز يولىغا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ كۆپرەك يول ماڭغان بولسىمۇ، بىراق ئۈچ تەرەپكە كەتكەن ئۈچ كالىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ يەۋېتىپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كاشتان دەرىخى بىلەن قومۇش

دەريا بويىدا تىك ئۆسكەن كاشتان دەرىخى شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى يوغان كۈنلۈكتەك يېيىپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن، باشقا دەرەخلەرنى كۆزگە ئىلماي ماختىنىدىكەن:

ــ مەن بەك تىمەن، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، ھەرقانداق بورانغا باش ئەگمەيمەن.

نەچچە كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپتۇ. كاشتان دەرىخى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىپ، كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپتۇ، ئازراقمۇ كەينىگە چېكىنمەپتۇ. بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن كاشتان دەرىخىنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

كاشتان دەرىخى ئېغىر جاراھەتلىنىپ، چارچاپ قومۇشلۇققا ئېقىپ بېرىپ قاپتۇ. ئادەتتە كاشتان دەرىخىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان قومۇشلار لىڭشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن زىيانغا ئۇچرىماپتۇ.

كاشتان دەرىخى ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى قاتتىق بوراندىن قانداق قىلىپ ساق قالغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار سەممىي-





لىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاپ كېتىشىڭ ئۆزۈڭگە بالا بولدى، بوران يېتىپ كەلسە ئېگىلىمىز، بوران ئۆتۈپ كەتسە تىكلىنىمىز، مۇشۇنداق لىڭشىپ تۇرساق بوران تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بوران ئوڭدىن كەلسە ئوڭدىن، سولدىن كەلسە سولدىن تەڭ تۇرىمەن دېسەڭ، بىر تۈپ دەرەخ شۇنچە قاتتىق بورانغا قانداق تاقابىل تۇرۇپ كېتەلەيسەن؟



www.uyghurkitap.com



# كالا ئوغرىسى

پادىچى تاغدا ئوتلىغان كالىلىرىنى كەچقۇرۇن قوتانغا ياندۇرۇپ كەلگەندە بىر موزاينىڭ يوقلۇقىنى بىلىپتۇ.

ئەتىسى سەھەر پادىچى ئۆيدىن چىقىپ، جىلغىدىن تاغنىڭ چوققىلىرىغىچە ئىزدەپ موزاينى تاپالماي، تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ:

— تەڭرىم، كۆزۈك بولسا، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، كالا ئوغرىسى نەگە يوشۇرۇنۇۋالدى، مەن قوي سويۇپ ساڭا رەھمەت ئېيتاتتىم.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ، كەينىگە قاراپ، كالا ئوغرىسىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قورققىنىدىن جېنى چىقىپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ سۆزىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دەپ شىۋىرلاپتۇ.

— تەڭرىم، كۆزۈك بولسا، مېنى مۇشۇ تاغنىڭ ئىچىدىن چىقىرىۋەتسەڭ، ساڭا چوڭ كالا بېرىپ رەھمەت ئېيتاتتىم...

كالا ئوغرىسى ئەسلىدە يوغان بىر ئەركەك شىر بولۇپ، بۇ شىر ئۇنىڭغا يېقىن بىر جايدا تۈنۈگۈن يوقالغان موزاينى يەۋاتقان ئىكەن.



# دەرەخ شىخى

بىر ئادەم بىر دانە پالتا تېپىۋاپتۇ، پالتىنىڭ سېپى قىسقا بولغاچقا، كۆچەپ چاپالماي تۈزۈك ئىشلىتەلمەپتۇ.

ئۇ ئادەم ئورمانلىققا كىرىپ، دەرەختىن پالتا سېپى قىلىشقا بىر تال شاخ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. دەرەخ: بىزدە شاخ ناھايىتى كۆپ، بىرەر تالنى كېسىپ كەتسە، ئۇنىڭ كارى چاغلىق، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمنىڭ تەلىپىگە ئۇناپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئەڭ چوڭ بىر تال شاخنى كېسىپ پالتىغا ساپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورمانغا ۋابا تەگكەندەك، بۈگۈن بىر تۈپ دەرەخ كېسىلسە، ئەتىسى يەنە بىر تۈپ دەرەخ كېسىلىپ تۇرۇپتۇ، بارا ـ بارا دەرەخلەر تۈگەپ كېتىدىغان ھالغا يېتىپتۇ. مانا شۇ چاغدا دەرەخ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا شېخىنى بەرگەنلىكىدىن پۇشايمان يەپتۇ.







www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# شىر بىلەن قاۋان

بىر شىر قۇدۇقتىن سۇ ئىچكىلى كەپتۇ، كۆتۈلمىگەندە قاۋانمۇ سۇ ئىچكىلى كېلىپ قاپتۇ، ئىككىسى سۇ تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇشۇپتۇ، قاۋان شىرغا تەڭ كېلەلمىسىمۇ، جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئېلىشىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە سار ئەگىشكە باشلاپتۇ.

قاۋان ئەقلىنى ئىشلىتىپ، شىردىن ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىپتۇ، شىر ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. قاۋان:

—كۆرمىدىڭمۇ؟ بىز ئۆلمەي تۇرۇپ ئاسماندىكى سارلار گۆشىمىزنى يېگىلى كەپتۇ، بىز تۆت پۇتلۇق ئۆز جەمەتلەردىن تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشىپ، بىكاردىن بىكارغا ئىككى پۇتلۇق ياتلارغا يەم بولۇپ بېرىمىز؟ — دەپتۇ.





# بۆرىنىڭ كېچىدە ئاچ قېلىشى

بىر بۆرە ئۆڭكۈردىن چىقىپ يېمەكلىك ئىزدەپتۇ. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، دېرىزە ئوچۇق تۇرغۇدەك، ئۆيدە بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئايال بالىسىنى بەزلەپ:

—يىغلىما دەيمەن، يىغلىما، يەنە يىغلىساڭ تالادىكى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان بۆرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۈگۈن تەلىيىم كەپتۇ، ئالدىمغا ئېسىل تائام چۈشىدىغان بولدى، دەپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

دېرىزە تۈۋىدە جىم يېتىۋاپتۇ، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئانىنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ بالىسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپتۇ.

بالا بىردەم يىغلاپ بەزلەنگەندىن كېيىن يىغىدىن توختاپ قاپتۇ، ئانىنىڭ بالىنى ماختىغان گەپلىرى ئاڭلىنىپتۇ:

— ئوبدان بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، بۆرە بالامنى يېگىلى كەلسە، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

قاراڭغۇدا مۆكۈپ ياتقان بۆرە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەرد-



www.uyghurkitap.com

شان بولۇپ يولىغا مېڭىپتۇ. يولدا تۈلكىگە ئۇچراپ قاپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭ بۇنداق پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ، بۆرە كەيپى ئۇچقان ھالدا:

— گەپ قىلمايلا قوي، ئەيىب ئۆزۈمدە، ئاشۇ خوتۇننىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ كېچىچە ئاچ قالدىم، — دەپتۇ.





# كۆرەڭلىگەن قاپاق

بىر تۈپ قاپاق كۆچىتى قارىغاينىڭ تۈۋىدە ئۈسۈپ چوڭ بوپتۇ. قارىغاينىڭ ئۇ يەردە قامىتىنى رۇسلاپ ئۆسۈۋاتقىنىغا 500 يىل بوپتۇ. قاپاق ئۆزىنىڭ ۋىجىكلىكىنى قارىغاينىڭ قامىتىگە سېلىشتۇرۇپ بەك خىجىل بوپتۇ.

5 ـ، 6 ـ ئايلارغا كەلگەندە ھۆل ـ يېغىن ۋە كۈن نۇرىدىن ئوزۇقلىنىپ، تەدرىجىي بوي تارتىپتۇ. پېلەكلىرى قارىغاينىڭ تۈۋىدىن ئۇچىغا چىقىپتۇ، ھەتتا قارىغايدىن نەچچە غېرىچ ئېشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا قاپاق كۆرەڭلەپ، قارىغايغا:

— يېشىڭ مەندىن چوڭ، مەن ئەمدى بىر ياشقا كىردىم، لېكىن بويۇم سەندىن ئېشىپ كەتتى، يېشىم سېنىڭكىچە بولغاندا بويۇم قانچىلىك بولۇپ كېتەركىن، — دەپتۇ.

قارىغاي جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەر يىلى سەندەك قاپاقلار ماڭا يامىشىپ ھەقىقەتەن تېز ئۆسىدۇ، لېكىن كۈزنىڭ شامىلى بىرلا سوقسا، روھى چۈشۈپ بېشى ساڭگىلاپ كېتىدۇ؛ مەن قىراو چۈشۈپ سوغۇق بولغىنىدىمۇ قەددىمنى تىك تۇتۇپ تۇرىۋېرىمەن، لېكىن بۇ چاغدىلاردا قاپاقلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قوزىنىڭ بۆرىنى تىللىشى

قوزا ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، پەستە كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

قوزا بىلەن بۆرە ئەزەلدىن بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىكەن. قوزا بۆرىنىڭ ئۆگزىگە چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بۆرىنىڭ ۋەھشىي قەبىھلىكىنى راسا تىللاپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بۆرىگە بولغان قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىپتۇ.

بۆرە ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇپتۇ، خاپا بولماپتۇ. قوزا تىللاپ بولغاندىن كېيىن، بۆرە گەپ قىپتۇ:

— بۇ يەردە مېنى سەل چاغلاۋاتقان، مەسخىرە قىلىۋاتقان سەن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئېگىز ئۆي.









ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادىرىسى

# ئېشەكنىڭ سايىسى

بىرەيلەن يازدا ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بىر ئېشەكنى كىرا قىلىپ مىنىپتۇ، ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ يۈك ـ تاقىنى كۆتۈرۈپ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن مېڭىپ قۇملۇقتىن ئۆتكىچە تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ، بەك قىينىلىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئېشەكنىڭ سايىسىدا ئازراق ئارام ئالماقچى بوپتۇ. لېكىن ئېشەكنىڭ سايىسىدا ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئولتۇرۇۋاپتۇ. سايە كىچىك بولۇپ، ئىككى ئادەم سىغمىغاچقا، بىر ـ بىرىگە يول قويماي ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى:

— سەن ئېشەكنى كىرا قىلغان، ئېشەكنىڭ سايىسىنى كىرا قىلمىغان، ئەگەر ئېشەكنىڭ سايىسىدىن پايدىلىنىمەن دېسەڭ، پۇل تۆلىسەڭ پايدىلىنالايسەن، — دەپتۇ.

ئېشەكنى كىراغا ئالغان ئادەم مۇنداق دەپتۇ:

— ئېشەك بولغاچقا سايىسى بولىدۇ، سايە ئېشەككە تەۋە، شۇڭا پۇل تۆلىمەيمەن.

قىزىق ئاپتاپتا ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يول قويماپتۇ. بۇ ئىككىسى دەتالاش قىلىشۋاتقان پۇرسەتتە ئېشەك ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋەتكەن ئاتتەك نەلەرگىدۇر قېچىپ كېتىپتۇ.



# شىرنى كۆرگەن تۈلكە

ئەزەلدىن شىرنى كۆرۈپ باقمىغان تۈلكە بىر كۈنى تۇيۇقسىز شىرنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدىن، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىپ، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ.

بىرىم ئايدىن كېيىن تۈلكە شىرنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈپ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككە بولۇپ، سەل قورقۇپتۇ.

يەنە بىرىم ئايدىن كېيىن تۈلكە شىرنى ئۈچىنچى قېتىم كۆرگەندە، ئۇنىڭدىن قورقمايلا قالماستىن، بەلكى قەدىناس دوستلاردەك بىردەم پاراڭ سېلىشىپ، ئاندىن ئۆيىگە كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com



# «پادىچى بۆرە»

بۆرىنىڭ قوي يېگۈسى كېلىپ، بىر قوتان قوينىڭ يېنىغا كەپتۇ. پادىچى بالا بۆرىنىڭ قوي يەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇپ، بۆرىنى قويلارغا يېقىنلاشتۇرماپتۇ.

نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۆرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ، قوي يەيدىغان ئەلپازىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن پادىچى بالا ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپتۇ.

يەنە مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۆرە بۇرۇنقىدەكلا قويلارنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ يۈرۈپتۇ. پادىچى بالا ھوشيارلىقىنى تامامەن بوشاشتۇرۇپ، بۆرىنى ئۆز ئادىمىدەك كۆرۈپ، ئۇچرىغان ئادەمگە: «بۇ بۆرىنىڭ قارنى يامان بولسىمۇ، قويلارغا قاراشنى بىلىدىكەن، قويۇمنى يەپ باقمىدى، بۇ بۆرىنى قوي باقىدىغان ئىتتەك قوي باقىدىغان قىلىۋالسام بولىدىكەن» دەپ يۈرۈپتۇ.

پادىچى بالا بىر كۈنى بىر ئىش بىلەن شەھەرگە بارماقچى بولۇپ، قويلىرىنى بۆرىنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ خاتىرجەم كېتىپ قاپتۇ.

نەچچە يىل جاپا بىلەن كۈتكەن بۆرە پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاغدىكى ھەمراھلىرىغا خەۋەر بېرىپ، بىر قوتان قوينىڭ بىرسىنى قويماي يېۋېتىپتۇ.





# چۈشىن بىلەن پەرۋانە

چۈشىن ھەسەلگە بەك ئامراق ئىكەن.

چۈشىن قۇتىدىكى ھەسەلنى كۆرۈپ، قۇتىغا چۈشۈپ كەتسە چىققالماسلىقىدىن قورقۇپ، باشتا قۇتا ئاغزىدىكى ھەسەل يۇقۇندىلىرىنى تېتىپتۇ. تېتىغانسېرى تاتلىق بىلىنىپ، ئىختىيارسىز پەسكە چۈشۈپ، ھەسەلنىڭ بىر چېتىدىن ئازراق يەپ، خۇماردىن چىقماپتۇ. ئاخىرى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، پەسكە چۈشۈپ شالاپلىتىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. تېنى ھەسەلگە چاپلىشىپ بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ، ئاخىرى مىدىرلىيالماي، ئۆلەر ھالغا كەپتۇ.

ھەسەل قۇتىسىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن پەرۋانە ھەسەلگە پېتىپ ئۆلەر ھالغا يەتكەن چۈشىننى كۆرۈپ، زاڭلىق قىپتۇ:

— ئەجەب دۆتكەنسەن، باشتا ئازراق قانائەت قىلغان بولساڭ، مۇشۇ ھالغا قالامتىڭ؟ ـ چۈشىن خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي كۈن پېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى چىراغ يېقىپتۇ. چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرگەن پەرۋانە چۈشىننىڭ يېنىدىن ئۇچۇپ، تۈگىمەس كۈچى باردەك، چىراغنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بەلكى مەپتۇن بولۇپ كەتكەندەك، ئاي-



www.uyghurkitap.com



لىنىنىش دائىرىسىنى بارغانسېرى كىچىكلىتىپتۇ. ئاخىرى ئۆزىنى چىراغقا ئۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىپتۇ.

ھەسەلگە پېتىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان چىۋىن پەر-ۋانىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز «ئۇھ» تارتىپ، ئۆز - ئۆزىگە:

— ۋاي، سەنمۇ دۆتكەنسەن ئەمەسمۇ! مېنى قانائەت قىلماس دەۋاتاتتىڭ، لېكىن ئۆزۈڭچۇ؟ ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلدىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.





# قېچىرنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى

ياز كۈنلىرى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى «چاقچىقىز» شەبنەمگە تويۇنۇپ، كەچقۇرۇن بولغاندا قاناتلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەزاسىنى مىدىرلىتىپ يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىدىكەن. قېچىر بۇ ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ، ئۆز ئاۋازىنىڭ سەتلىكىدىن خەقنىڭ بىزار بولىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. «چاقچىقىز» نىڭ بوغۇزىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاشقۇ، ئۇ نېمە يەپ، ئاۋازىنى شۇنداق پەيزى قىلىدىكىنە؟ سوراپ بېقىپ، شۇنىڭدىن ئۆگىنەي، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، قېچىر «چاقچىقىز» نىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ... «چاقچىقىز» ئۇنىڭغا:

— شەبنەم ئىچىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە يېمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قېچىر بۇ سىرنى بىلىپ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. يېنىپ كېلىپ ئوت يېمەپتۇ، سۇمۇ ئىچمەپتۇ، ئازراق شەبنەمگە تەلمۈرۈپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە

ئوتلاۋاتقان قويلارنى كۆرگەن بىر هارامزادە بۆرىنىڭ نەپسى تاقىلداپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەپتۇ. قويلارغا ئىت قاراۋاتقانلىقتىن، قول سالالماپتۇ.

بۆرە ئويلىنىپ قاپتۇ: قويدەك ياسىنىپ، قويلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالسام، ئەپلەپ تۇرۇپ سوقمامدىمەن دېگەن خىيالغا كەپتۇ. ئۆيدە قوي تېرىسى بار ئىكەن، شۇنىڭغا ئورىنىپ، قويلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ، پادىچى قويلارنى قوتانغا ياندۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئالدىدا ئوۋ ئىتى يول باشلاپ ماڭغان، كەينىدە پادىچى كۆزىتىپ ماڭغانلىقتىن، بۆرە قول سالالماي، قويلار بىلەن تەڭ مېڭىپ قوتانغا سولىنىپ قاپتۇ.

يېرىم كېچىدە قويلار ئۇخلاپ كەتكەندە بۆرە بوينىنى سوزۇپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ قوي يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، قويغا قارايدىغان پادىچى چىراغنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، قويلارنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، «يالغان قوي» نىڭ قوتاندا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىچى بۇ هالنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ، زەن سېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ چاندۇرۇپ قويغان يەرلىرىدىن تۇيۇۋېلىپ، قوي تېرىسىنى ئېچىپ قارىسا، ۋەھشىي بۆرە ئىكەن!

شۇنىڭ بىلەن بۆرە توقماق يەپ ئۆلۈپتۇ.







## ساپال كومزەك بىلەن مىس كومزەك

كەلكۈن كەپتۇ.

ساپال كومزەك بىلەن مىس كومزەك كەلكۈندە ئېقىپ جاھاننى كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ باقماقچى بوپتۇ، مىس كومزەك:

— ئىككىمىز ھەمسەپەر ئىكەنمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز لازىم، بولۇپمۇ تۆۋەن ئېقىندا دولقۇننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، يولدا ئاپەتكە ئۇچرايدىغان ياكى ئۇچرىمايدىغانلىقىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئىككىمىز دوست بولۇپ ماڭساق يالغۇز ماڭغاندىن ئوبدان بولىدۇ، — دەپتۇ.

ساپال كومزەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— شۇنداق ئەمەسمۇ! كونىلار «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەپتۇ» دەپ ياخشى ئېيتقانىكەن، بىز قول تۇتۇشۇپ بىللە ماڭايلى!

ساپال كومزەك ناھايىتى چۈرۈك، ئاجىز بولغاچقا، مىس كومزەك بىلەن بىللە كېتىپ بېرىپ دولقۇندا بىر - بىرىگە سوقۇلۇپتۇ، مىس كومزەككە بىر نەچچە قېتىم سوقۇلغانغا چىدىماي سۇنۇپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com





## قاغا. تۇرنا. ياۋاغاز

دېھقان يەرگە ئۇرۇق سالغاندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ ئۇرۇقلارنى يەپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، تور يېيىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى دېھقان يېرىگە بېرىپ، تور ئاستىغا بىر نەچچە قاغا، ياۋاغاز ۋە بىر تۇرنىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

قاغا بىلەن ياۋاغازلار ئېتىزدىكى ئۇرۇقلارنى يېگىلى كېلىپ تورغا چۈشۈپ قالغانىكەن. بۇ، ئەلۋەتتە ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە. لېكىن تۇرنا پاك، ئېسىل جانىۋار بولسىمۇ، ياۋاغازلار بىلەن دوست بولۇپ بىللە يۈرگەچكە، بۇ قېتىم ئۇۋال بوپتۇ. شۇڭا ئۇ دېھقاندىن ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنى قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا:

ــ ئادەتتە توغرا يولدا ماڭىدىغانلىقىڭدىن، ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ھازىر سەن ئوغرى بىلەن دوست بولۇپ، ئارىلىشىپ يۈرۈپسەن، شۇڭا ساڭىمۇ شۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى



# ئىت بىلەن خورازنىڭ بىللە ئوينىشى

خوراز بىلەن ئىت قوشنا بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان ئۆتىدىكەن، خوراز يالغۇز ئوينىغىلى چىقسا زېرىكىپ، ئىتنى بىللە ئويناپ كېلىشكە چاقىرىۋالىدىكەن. ئۇلار بىر كۈنى ئويناپ، يېنىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمەي، كېچىنى تالادا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. خوراز دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، ئىت دەرەخ تۈۋىدىكى كامارغا كىرىۋاپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە خوراز دەرەخنىڭ شېخىدا تۇرۇپ چىللاپتۇ، خورازنىڭ چىللىشىدىن تاغدىكى تۈلكە ئويغىنىپ، «بۈگۈن تەلىيىم كەپتۇ، ناشتامغا ئېسىل غىزا يەيدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، دەرھال دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ، پەيلىرى يالتىراپ تۇرغان خورازنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، خورازغا گەپ قىپتۇ:

— بۇرادەر، سالام ساڭا! سېنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، بۈگۈن بۇ يەردە سېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدۇم، دەرەختىن چۈشسەڭ، ئىككىمىز مۇڭدىشىپ ئولتۇرساق.

دەرەختىكى خوراز تۈلكىگە قاراپ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھۆرمىتىڭگە كۆپ رەھمەت، دەرەخ تۈۋىدىكى كامارنىڭ ئاغزىغا بېرىپ، مالايىمنى ئويغىتىۋەت، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسە، دەرەختىن چۈشىمەن.



تۈلكە كامارنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، ئۇنى ئىت كۆرۈپ قاپتۇ. كېچىچە قېنىپ ئۇخلاپ كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىت كاماردىن ئېتىلىپ چىقىپ، تۈلكىگە چاڭ سېلىپ، تۈلكىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# قاغىنىڭ ناخشا ئېيتىشى

قاغا بىر تورغام گۆشنى چىشلەپ كېلىپ، دەرەخنىڭ شېخىدا مەززە قىلىپ يېمەكچى بوپتۇ.

تۈلكە دەرەخ تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ گۆشنى پۇراپ قېلىپ ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپتۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قاغا بىر تورغام گۆشنى چىشلەپ ئولتۇرغىدەك، قاغا ھەم سەت، ھەم دۆت كېلىدۇ، ئازراق ماختاپ قويسام، گۆش قولۇمغا چۈشىدۇ دەپ ئويلاپتۇ ــ دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سەممىي تەلەپپۇزدا:

ــ ھۆرمەتلىك خانىم! سۇمۇرۇغنىڭكىدەك كۆزلىرىڭىزنى، تۇزنىڭكىدەك پەيلىرىڭىزنى، تۇغما گۈزەللىكىڭىزنى ھەممەيلەن ماختايدۇ، ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئىشىنىمەنكى، ئاۋازىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەك چىرايلىق بولسا كېرەك.

ئەگەر شۇنداق بولسا، سىز قۇشلار ئىچىدىكى خانىش ھېسابلىنىسىز، ناخشىڭىزنى ئازراق ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟

قاغىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازىنىڭ سەتلىكىدىن ئادەمنىڭ بىزار قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان، لېكىن بۇ «قاغا خانىم» تۈلكىنىڭ ماختىشىغا مەست بولۇپ، ئۆزىنى قالتىس «قۇشلارنىڭ مەلىكىسى» چاغلاپ «قاق» دەپ توۋلاپتۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى چىقىش بىلەن ئاغزىدىكى گۆش چۈشۈپ



كېتىپتۇ.

تۈلكە كاپ قىلىپ گۆشنى يەۋاپتۇ، كۆرەڭلىگەن ھالدا تۇمشۇقىنى يالاپ، قاغىغا:

— تەمى بەلەنكەن، بەك بەلەنكەن! قاغا، رەھمەت ساڭا! — دەپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

# كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش

بىر تال ياغاچتىن ياسالغان كۆۋرۈكتىن بىرلا ئادەم ئۆتەلەيدۇ. بىر كۈنى كۈنچىقىش مەھەللىدىكى ئۆچكە بىلەن كۈنپېتىش مەھەللىدىكى ئۆچكە بىرلا ۋاقىتتا بىر ـ بىرىگە قاراپ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مېڭىپتۇ. ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، بىر ـ بىرسىگە يول بەرمەي، ئۇسۇشۇپتۇ، ئاخىرى ھەر ئىككىلىسى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ.





# ئاققۇغا قىلىنغان ئىلتىپات

بۆرە گۆشنى بەك ئالدىراپ يەپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن كېكىرتىكىگە سۆڭەك تۇرۇپ قېلىپ، ئىنتايىن قىيىنىلىپتۇ، ھەر قانچە قىلىپمۇ سۆڭەكنى چىقىرالماپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاق قۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ۋارقىراپتۇ:

— ھەي دوستۇم! كېكىرتىكىمگە سۆڭەك تۇرۇپ قېلىپ ئۆلەر ھالغا يەتتىم، ئۇزۇن بوينۇڭنى سوزساڭ، كېكىرتىكىمدىكى سۆڭەكنى ئېلىۋېتەلەيسەن، ماڭا بىر ياردەم قىلساڭ، ساڭا كۆپ مۇكاپات بېرەتتىم، چوقۇم!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاق قۇ يەرگە قونۇپتۇ، ئاق قۇ بويىنىنى سوزۇپ، بېشىنى بۆرىنىڭ خەنجەردەك چىشلىرى ئارىسىدىن ئاغزىغا تىقىپ، بۆرىنىڭ كېكىرتىكىگە سانجىلىپ قالغان سۆڭەكنى چىشلەپ چىقىرىپتۇ.

بۆرە ئازابتىن قۇتۇلۇپ، ئارام تېپىپتۇ. ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ سۆڭەك چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خاتىرجەم بولدۇم، بۇنىڭدىن كېيىن سۆڭەك يېگەندە چوقۇم ئېھتىيات قىلىمەن» دەپتۇ. گېپىنى تۈگىتىپ، يېنىدا تۇرغان ئاق قۇنى كۆرۈپ بىزار بوپتۇ. «كۆزۈمدىن يوقال» دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئاق قۇ



www.uyghurkitap.com

گەپ قىپتۇ:

— «بايا كۆپ مۇكاپات بېرىمەن» دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى ۋەدەڭنى ئەمەلدە كۆرسەت، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۆرىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپتۇ، دەرھال قاپىقىنى تۈرۈپ، غەلىتە تەلەپپۇزدا مۇنداق دەپتۇ:

— مۇكاپات دەمسەن؟ بايا تۇمشۇقۇڭنى ئاغزىمغا تىققان چېغىڭدا ئاغزىمنى يۇمغان بولسام، بوينۇڭنى ئۈزۈپ، جېنىڭدىن جۇدا قىلغان بولاتتىم، بېشىڭنىڭ ئاغزىمدىن تىنچ-ئامان چىققىنى سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئەمەسمۇ!





# تۇخۇنى ئۆلتۈرۈپ تۇخۇمىنى ئېلىش

بىرەيلەننىڭ باققان مېكىيىنى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىكەن، ئۇ ئادەم بۇ ئالتۇن تۇخۇملارنى سېتىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلماي ياشايدىكەن.

لېكىن ھېلىقى ئادەم بۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي، كۆپرەك ئالتۇن تۇخۇمغا ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ باياشات ياشىماقچى بوپتۇ، ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ مېكىيانى بىر كۈندە نەچچە تۇخۇم تۇغدۇرالماپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم مېكىيان ھەر كۈنى تۇغىدۇ، ئۇنىڭ قورسىقىدا چوقۇم ناھايىتى كۆپ تۇخۇم بار، نېمىشقا ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ تۇخۇملارنى بىراقلا ئېلىپ، بىراقلا باي بولمايمەن؟ دەپ ئويلاپ، ئىتتىك پىچاق بىلەن مېكىياننى بوغۇزلاپتۇ. ئىنچىكىلەپ قارىسا، مېكىياننىڭ قورسىقىدا ئالتۇن تۇخۇم كۆرۈنمەپتۇ، مېكىيان ئۆلگەندىن كېيىن، كۈنگە بىر دانە ئالتۇن تۇخۇمغىمۇ ئىگە بولالماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئېشەك بىلەن بۇت

ئېشەك دۈمبىسىگە ئارتىپ قويۇلغان ياغاچ بۇتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، كىشىلەر باش ئۇرۇپ سەجدە قىپتۇ. ئېشەك كىشىلەرنىڭ بۇتقا ياكى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئېشەك بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈۋېرىپ كۆنۈپ قالدى بولغاي، ئاستا ـ ئاستا كۆرەڭلەپ، ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بوپتۇ، ھەتتا ئېشەكچىنىڭ بۇيرۇقىغىمۇ كىرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ئېشەكنىڭ گەپكە كىرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئېشەكچى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئېشەكنى راسا دۈمبالاپتۇ. مانا شۇ چاغدا ئېشەك كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى بۇتقا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، لېكىن بۇنى بىلگىچە نۇرغۇن تاياق يەپ كېتىپتۇ.





# ئوغلاقنىڭ ئەپچىل چارىسى

بىر ئوغلاق قورسىقىنى تويغۇزۇپ يېنىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنى ئاچ قالغان بىر بۆرە يىراقتىن كۆرۈپ قاپتۇ. بۆرە قاراپ باقسا، ئوغلاقنى قوغدايدىغان يا پادىچى، يا ئوۋ ئىتلىرى كۆرۈنمەپتۇ. بۇ مەززىلىك تائام ئالدىمغا كەپتۇ، ئۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەمتى، دەپ ئويلاپتۇ.

بۆرە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مۆكۈنۈپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئوغلاق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ مەدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرسىنىڭ مۆكۈپ ياتقانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، يولدىن چىقىپ بەدەر قېچىپتۇ. ئوغلاقنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۆرە ئۇنى قوغلاشقا باشلاپتۇ، يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا، ئوغلاق كەينىگە قاراپ توختاپ قاپتۇ، ھېچنېمىدىن قورقمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بۆرىگە:

— سۇلتان ئالىيلىرى، قوغلىمىسىلا، ئالىيلىرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكى ماڭا مەلۇم، ئۆزۈم ئالدىلىرىغا بېرىپ، ئالىيلىرىغا يەم بولۇشۇم كېرەك ئىدى، لېكىن ئالىيلىرىنىڭ مېنى يېيىشتىن ئىلگىرى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— نېمە ئىشنى؟ — دەپ سوراپتۇ بۆرە ئەجەبلىنىپ.





— قورساقلىرىغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىرىنەي ئاڭلاپ، ئۇسسۇل ئوينىۋالغان بولسام.

ئاچ قالغان بۆرە: بۇ كىچىككىنە ئىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ، بىردەمدىن كېيىنلا يەيمەنغۇ، دەپ ئويلاپ، ئوغلاقنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، تېپىۋالغان نېيىنى ئېلىپ، قاملاشمىغان ئاھاڭغا چېلىشقا باشلاپتۇ. نەي ئاۋازىغا قاراپ ئوغلاق بۆرىنىڭ ئۆزىنى يېۋېتىشىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئوتلاقتا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ.

بۆرە تېپىۋالغان نەي ئەسلىي پادىچىنىڭ نېيى ئىكەن، پادىچى مۇشۇ نەينى چېلىپ ئوۋ ئىتلىرىغا سىگنال بېرىدىكەن. يايلاقتا سەكرىشىپ ئويناۋاتقان ئوۋ ئىتلىرى بۇ نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خوجايىن چاقىرىۋاتقان چېغى دەپ، ئورۇنلىرىدىن چاچراپ قوپۇپ ھاۋشىغان پېتى نەي ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ.

يامان ئەلپازدا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىتلارنى كۆرگەن بۆرە نەينى تاشلاپ بەدەر قېچىپتۇ. بىر تاغدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلىنى توختىتىپ، ئۆزىنى ئۆزى زاڭلىق قىلىپ غۇدۇڭشۇپتۇ:

— ئوغلاقنى سەل چاغلاپ، ئاغزىمغا كىرىدىغان ئېسىل تائامدىن قۇرۇق قالدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم.





# تۈلكىنىڭ قۇيرۇق كېسىشى

بىر تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى ئوۋ ئىتى چىشلەپ ئۈزۈۋې-
تىپتۇ.
قۇيرۇق بولمىسا ھاياتقا تەسىر يەتمىسىمۇ، لېكىن قا-
رىماققا تۈلكىگە ئوخشىمايدىغاندەك بولۇپ قاپتۇ، سەت كۆرۈ-
نۈپتۇ. ھەمراھلىرىنى كۆرگەندە خىجىل بوپتۇ.
كونىلار «گاچا گاچىنى زاڭلىق قىلمايدۇ» دەپ توغرا
ئېيتقان، چۈنكى دەردنى دەردمەن بىلگەندەك، بىر - بىرىدىن
زاڭلىق قىلىدىغان نەرسە تاپالمايدۇ. شۇڭا قۇيرۇقى ئۈزۈۋې-
تىلگەن بۇ تۈلكە كۆڭلىدە بىر پىلان تۈزۈپ، ھەممەيلەننىڭ
قۇيرۇقىنى كەستۈرۈپ ئۆزىگە ئوخشاش قىلىپ قويماقچى
بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆڭكۈرىدە داستىخان سېلىپ،
ھەمراھلىرىنى چىللاپتۇ ۋە كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈرۈپ:
— بۇرادەرلەر، بىلىشىمىز كېرەككى، قۇيرۇقىمىز بەدە-
نىمىز بىلەن تۇتاش ئەمەس، ئۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ،
كەينىمىزدە سۆرۈلۈپ يۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. يېقىن مانا
قۇيرۇقۇمدىن ئايرىلىپ بۇرۇنقىدىن كۆپ يېنىكلەپ قالدىم،
شۇڭا ھەرقايسىڭلارنىڭ ئاشۇ ئەسقاتمايدىغان قۇيرۇقىڭلارنى
كېسىۋېتىپ، دۇنيادا مەندەك ئازادە يۈرۈشۈڭلارنى تەۋسىيە



www.uyghurkitap.com

قىلىمەن.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن بىر ـ بىرلىگە قاراپ
قويۇپ گەپ قىلماپتۇ، ئاخىر ھەممىسى قېرى تۈلكىنى ئۇلار
لىرىگە ۋاكالىتەن قۇيرۇق كېسىشنى خالىمايدىغانلىقى توغ-
رىسىدا پىكىر بېرىشكە سايلاپتۇ. ئاخىر ئۇ:

ــ كۆتۈلمىگەن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، قۇيرۇقتىن ئاي-
رىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغاندا، ئەلۋەتتە، تەكلىپىڭ-
نى قوللايمىز، لېكىن ھازىر بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

قېرى تۈلكىنىڭ گېپى تۈگىشىگە ھەممىسى قۇيرۇقلى-
رىنى شىپاڭشىتىپ تارقاپ كېتىپتۇ.





# چۈمۈلە بىلەن ساراتان

ياز ۋە كۈز پەسىللىرى چۈمۈلىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ ئارام تاپمايدىكەن، يېنىك نەرسىلەرنى يالغۇز، ئېغىر نەرسىلەرنى نەچچىسى بىرلىشىپ ئۇۋىسىغا توشۇيدىكەن. زېمىن يېشىللىققا پۈركەلگەن، قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلىۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي قىشتا يەيدىغانغا ئوزۇقلۇق يىغىدىكەن.

ساراتانلار ياز ۋە كۈز پەسىللىرى قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئەمگەك قىلماي، كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قىشتا شۇمشىيىپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالىدىكەن، ناخشا ئېيتىشقىمۇ مادارى يەتمەيدىكەن، قورسىقى ئېچىپ ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالىدىكەن. تام قوشنا چۈمۈلىلەر ئاشلىقنى ئامبارغا دۆۋىلەپ قويۇپ، تويغىچە يەپ سەمرىپ كېتىپتۇ. بىر ساراتان يۈزىنى قېلىن قىلىپ ئاشلىق سوراپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنچە بىچارە ھالغا قالغانلىقىنى سورىغانىكەن، ساراتان ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە ئۇنىڭغا:

— ھەرقانداق بىر ئادەم يەيدىغانغا نەرسىسى بار چاغدا،



# ئىزوپ مەسەللىرى



يەيدىغان نەرسىنىڭ يوق بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ قويۇشى كېرەك، بىز چۈمۈلىلەر ئەمگەكنى سۆيىمىز، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ياشايمىز، خەقتىن ئۆتنە سورىمايمىز، خەققىمۇ ئۆتنە بەرمەيمىز، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ساراتاننىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ. ئاچ قورساق پەرىشان هالدا كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com





# پاقىنىڭ غەلىتە كېسەلنى داۋالىشى

پاقا ھەممە يەرگە ئېلان چاپلاپ، غەلىتە كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغانلىقى، ئاغرىپ قالغانلار دورىنى يېگەن ھامان كېسەلدىن خالىي بولىدىغانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ ساپتۇ. باشقىلارنىڭ ئېلاندىكى خەتلەرنى ئوقۇيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كوچىدا توۋلاشقا باشلاپتۇ:

— ئاغرىپ قالغان ئادەم ماڭا كېلىپ داۋالانسا، ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بولىدۇ، — دەپتۇ.

تۈلكە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— راستىنلا شۇنداق كارامىتىڭ بار بولسا، نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ دومبىسىدىكى قوتۇرنى ساقايتالمايسەن؟

پاقىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاچ كۆز ئىت

بىر ئىت بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ ئۆيىگە يېگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولدا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋې- تىپ، كۆۋرۈك ئاستىدىكى سۇدىمۇ بىر ئىتنىڭ ئۆزىنىڭكى- گە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى گۆشنى چىشلەپ كېتىپ بارغانلى- قىنى كۆرۈپ، خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئېتىلغاندى- كەن، «چولتوك» قىلىپ ئاغزىدىكى گۆش سۇغا چۈشۈپ كې- تىپتۇ ۋە سۇدىكى گۆشمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ. ئاغزىدا چىشلەپ كېلىۋاتقان گۆشمۇ سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.





# پاقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك سېلىشتۇرۇشى

بىر كالا كۆلگە سۇ ئىچكىلى كەپتۇ. پاقا قېچىپ كېتىشكە ئۇلگۇرەلمىگەچكە، كالىنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپتۇ.

بۇ پاقا ئۆكىلىرىنى باشلاپ ئوينىغىلى چىققانىكەن. ئۆيىدە ئانىسى بار ئىكەن، بۇ كەلگەن بالا ـ قازادىن قورقۇپ كەتكەن ئۆكىلىرى ئۆيگە قېچىپ بېرىپ، ئانىسىغا بىر غەلىتە مەخلۇققا ئۇچراپ قالغانلىقىنى، غەلىتە مەخلۇقنىڭ پۇتلىرى تۈۋرۈكتەك چوڭ بولۇپ، يولنىڭ ياقىسىدا ئاكىسىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئانىسى بالىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، باشقا گەپ سورىماي، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق مۇشۇنچىلىك بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ، ــ دەپتۇ قېرى پاقا ھاۋا سۈمۈرۈپ، قورسىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كۆپتۈرۈپ يوغىنىتىپتۇ، بالىلىرى بېشىنى چايقاۋېرىپتۇ، قېرى پاقا قايىل بولماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھاۋانى سۈمۈرگەنىكەن، «ۋاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، قېرى پاقىنىڭ قورسىقى يېرىلىپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



# ۋىجدان

بىر بۆرە ئوغرىلىغان قوينى ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويۇپ قورسىقى ئاچقاندا يېيىشكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئالدىدىن چىققان شىر قوينى بۆرىدىن تارتىۋاپتۇ، بۆرە شىرنى «يولسىزلىق قىلىپ، ئاغزىمدىكى نەرسىنى تارتىۋالدى» دەپ تىللاپتۇ. بۆرىنىڭ كوتۇلداشلىرىنى ئاڭلىغان شىر ئۇنىڭدىن:

— بۇ سېنىڭ قويۇڭمىتى؟ سەنمۇ ۋىجدانىڭدىن سوراپ بېقىپ گەپ قىلمايدىكەنسەن، — دەپتۇ.







www.uyghurkitap.com

# لالما ئىتلارنىڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈشى

بىر توپ لالما ئىت قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىيالماي قاپتۇ، لېكىن يەيدىغان نەرسە تاپالماي يۈرۈپتۇ. ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە ئۆستەڭنىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرغان گۆشنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، دەرھال يېۋالغۇسى كەپكېتىپتۇ. ئۆستەڭدىن ئۆتىدىغانغا كۆۋرۈك بار ئىكەن.

لېكىن ئۇلار: كۆۋرۈك بىلەن ئۆتكۈچە ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرۇتۇۋەتسەك قارشى قىرغاققا بىمالال ئۆتۈپ، گۆشنى مەززە قىلىپ يېيەلەيمىز، دەپ ئويلاپ، ھەممىسى بېشىنى پەس قىلىپ، دەريا سۈيىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. قورساقلىرىغا سۇ تولۇپ، نەپەس ئېلىشتىنمۇ قىينىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۆستەڭدىكى سۇ يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆستەڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆۋرۈك بىلەن ئۆتمەكچى بوپتۇ، لېكىن ئۇلار كۆۋرۈككە كەلگەندە گۆشنى باشقا ئىتلار ئېلىپ كېتىپتۇ.



# مېكىياننى كۈندە ئىككى تۇخۇم تۇغدۇرۇش

دېھقانلار باققان توخۇسىنىڭ تۇخۇمىنى سېتىپ پۇل قىلىشىدۇ.

بىر دېھقاننىڭ توخۇسى ھەم ئاق، ھەم چوڭ تۇخۇم تۇغىدىكەن، تۇخۇم ئالىدىغان ئادەم مۇشۇنداق تۇخۇمدىن كۆپرەك سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ مېكىيان كۈندە بىرنى تۇغىدىكەن، ئۇنى كۈندە ئىككىنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، دېھقان يەمنى جىق بېرىپ بېقىپتۇ.

مېكىيان يەمنى بەك جىق يېگەندىن كېيىن، سەمرىپ كېتىپ كۈنگە بىرنىمۇ تۇغالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تۈلكىنىڭ ئۈزۈم يېيىشى

ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالغان بىر تۈلكە يېمەكلىك ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ. ئۇ: ئادەتتە يېمەك ـ ئىچمەكنى بەك ئىلغاپ تەلەپنى يۇقىرى قوياتتىم، ھازىرقى قورساقنىڭ ئاچلىقىدا نېمە بولسا مەيلىتى، دەپ ئويلاپتۇ. مەقسەتسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، بېدىشتا ساڭگىلاپ تۇرغان مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ بەك خۇش بوپتۇ ۋە تەلپىنىپ كەلدى، بېدىش بەك ئېگىز بولمىسىلا، تېتىپ كۆرمەمدىمەن، دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىدىن: «بىراق مەندە شۇنداق ئىقتىدار بارمۇ؟ ئۈزۈمنى ئالالامدىم ـ يوق» دەپ سوراپتۇ. ئاچلىقنىڭ دەستىدىن غەيرەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن سەكرەپ بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بىراق بىرەر ساپاق ئۈزۈم ئۈزەلمەپتۇ. بىر قېتىم ئەڭ ئېگىز سەكرەپ بىر تال ئۈزۈمگە قولى تېگىپ كېتىپتۇ، كۆڭلىدە: يەنىمۇ غەيرەت قىلسام، چوقۇم ئۈزۈۋالالىمەن، دەپ ئويلاپتۇ، لېكىن تولا سەكرەپ، چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ، ھېچنېمە قىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز ئولتۇرۇپ، قاتتىق ئۇھ تارتىپ، غەزەپ بىلەن:

— بۇ ئۈزۈم بەك ئاچچىق ئىكەن، مېنىڭ تېتىپ بېقىشىمغا ئەرزىمەيدىكەن، ئۇنى ئاشۇ ئاچ كۆز قۇشقاچلار يېسۇن، ئۇلارنىڭ يېمەيدىغان نەرسىسى يوق، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بۆغا قوزىسىنىڭ ئانىسىغا مەسلىھەت بېرىشى

كىچىك بىر بۆغا ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئانا، بىر ئىشنى چۈشەنمىدىم، سەن نېمىشقا ئۇۋ ئىتىدىن قورقىسەن؟ بەدىنىڭ ئىتنىڭكىدىن چوڭ، پۇتلىرىڭ ئىتنىڭكىدىن ئۇزۇن، ئىتتىن تېز چاپىسەن، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشسەڭمۇ ئۇتتۇرۇپ قويمايسەن، نېمىشقا ئىتنىڭ قارىسىنى كۆرسەڭ قورقۇپ قاچىسەن؟

ئانا بۆغا بالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، نوچىلىق قىلىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن بالامنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئىتتىن ھەرگىز قورقمايمەن! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ، يىراقتىن ئوۋچى ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئانا بۆغىنى تىترەك بېسىپتۇ، بالىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە قېچىشقا چاقىرىپتۇ.









ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاچ بۆرىنىڭ ھىيلىسى

ئوۋ ئىتلىرى تەرىپىدىن تالاپ زەخىملەندۈرۈلگەن بىر بۆرە يەيدىغان نەرسە تاپالماي ئاچلىقتىن بەك قىينىلىپ ياتسا، بىر پاقلان ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغۇدەك، بۆرە پاقلانغا ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئەپەندىم، توختاپ تۇرۇڭ، ئۇسساپ پەقەتلا ھالىم قالمىدى، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ بەرسىڭىز. سۇنى ئەكىلىپ بەرسىڭىز، سىزنى يۇمران ئوتلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

پاقلان ئەقىللىق ئىكەن، بۆرىنىڭ ئاچلىقتىن تارتىشىپ كەتكەن قورسىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، مېنى ئالداپ يېنىڭغا ئاپىرىۋېلىپ، گۆشۈمنى يېمەكچى بولۇۋاتامسەن!؟

شۇنداق دەپلا پاقلان كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ.









ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# شىۋىرغان بىلەن قۇياش

بىر كۈنى شىۋىرغان بىلەن قۇياش «قايسىمىز قۇدرەتلىك؟» دەپ مۇنازىرىلىشىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇچىسىغا يوغان پەلتو، بېشىغا شىلەپە كىيىۋالغان بىر ئادەم كېلىپ قاپتۇ. شىۋىرغان قۇياشقا دو تىكىپ:

— قاراپ تۇر، كىم مۇشۇ ئادەمنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇپ، شىلەپىسىنى ئالدۇرۇۋېتەلىسە، شۇ ئۇتقان بولىدۇ، — دەپتۇ، قۇياش بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇل بوپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە شىۋىرغان تەڭداشسىز كۈچكە تايىنىپ بوران چىقىرىپ، قۇم ـ شېغىللار بىلەن ھېلىقى ئادەمنى ئۇرۇپ، شىلەپىسىنى ئۇچۇرۇپ، پەلتوسىنى سالدۇرۇۋېتىدىغان ھالغا يېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم بوراننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر قولى بىلەن شىلەپىسىنى بېسىپ، يەنە بىر قولى بىلەن پەلتوسىنىڭ پېشىنى تۇتۇۋاپتۇ. بوران كۈچەيگەنسېرى چىڭ تۇتۇپتۇ، شىۋىرغان ھېچ ئىلاج قىلالماي، بوراننى توختىتىپ، چېكىنىپ، قۇياشنىڭ كارامىتىگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

قۇياش مەيدانغا چىقىپ، ئالدى بىلەن لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارنى چېكىندۇرۇپتۇ، ئاندىن روھلىنىپ زېمىنغا





سەممىلىك بىلەن نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ ھەم ئىسسىقلىق-نى تەدرىجىي ئاشۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم بىردەم مېڭىپ ھاۋا-نىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىدىن تەرلەپ پەلتوسىنى سېلىۋې-تىپتۇ، شىلەپىسىنى ئېلىۋېتىپتۇ، ئاندىن مەيدىسىنى كېرىپ يولنى خۇشال ـ خۇرام داۋاملاشتۇرۇپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# دۆت چاشقان بىلەن چېۋەر پاقا

بىر چاشقان بىلەن بىر پاقا دوست بوپتۇ.

چاشقان پاقىنى ئۆيىگە چىللاپ قىزغىن مېھمان قىپتۇ. چاشقانغا ئۇ كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ قويۇپتۇ. رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن پاقىمۇ چاشقاننى ئۆيىگە مېھمان بولۇشقا، سۇ ئاستى دۇنياسىنى كۆرۈپ كېتىشكە چىللاپتۇ. چاشقان سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، پاقا بۇنىڭغا ئامال تېپىپتۇ: يىپنىڭ بىر ئۇچىنى چاشقاننىڭ پۇتىغا، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا باغلاپتۇ ۋە شۇنداق قىلغاندا چاشقان سۇدا ئېزىپ قالماي، بىمالال ئۈزەلەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

پاقا سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ:

— ئەجەب بەلەن سۇ ئىكەن، ئەجەب بەلەن سۇ ئىكەن، قۇرۇقلۇقتا كۆپ يۈرۈپ كېتىپتىمەن، سۇدا بەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. لېكىن چاشقان:

— بولمىدى، بولمىدى! مېنى قىرغاققا چىقىرىپ قوي، بولمىسا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىمەن، — دەپتۇ. پاقا باشقىلارنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن ھېسابلاشماي:

— قورقما، قورقما، بىردەمدە كۆنۈپ كېتىسەن، — دەپتۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ، چاشقاننىڭ قورسىقىغا سۇ توشۇپ كېتىپ، نەپىسى توختاپ قاپتۇ.



پاقا كۆلدە چاشقاننىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىغا پەرۋا قىلماي، بىردەم خۇشال ئۈزۈپ ئويناپ ئۆيىگە كېلىپ ھاردۇق ئاپتۇ.

بىر سار ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، سۇدا لەيلەپ تۇرغان ئۆلۈك چاشقاننى چاڭگاللاپ ئاپتۇ. چاشقاننىڭ پۇتىدىكى بىر ئۇچى پاقىنىڭمۇ پۇتىغا باغلانغان يىپ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقان پاقىنىمۇ سۆرەپ چىقىپتۇ.

پاقا ياخشىلىقتىن يامانلىقنىڭ كۆپلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، نالە - پەرياد قىلىشقا باشلاپتۇ:

— مېنى قويۇۋەت، ماڭا چاشقان زىيانكەشلىك قىلدى، مېنى يېمىگىن!

سار مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، مەن ساڭا چاشقاندىنمۇ بەك ئامراق تۇرسام.

ئارقىدىنلا سار ئاۋۋال تىرىك پاقىنى، ئاندىن ئۆلۈك چاشقاننى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئېزوپ مەسەللىرى

# 伊索寓言



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8
9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)